## 43162 ـ زاكاتنىڭ ئىقتىسادى تۈزۈلمە ۋە ئىجتىمائىي كاپالەت سىستېمىسى بىلەن بولغان ئالاقىسى

**سوئال**

زاكاتنىڭ ئىسلامنىڭ ئىقتىسادى تۈزۈلمىسىمۇ ياكى ئىجتىمائىي كاپالەت تۈزۈلمىسىمۇ؟، ئەگەر ئۇنداق بولمىسا، ئىسلامنىڭ ئىقتىسادى تۈزۈلمىسى نېمە؟، ئىسلامنىڭ ئىجتىمائىي كاپالەت تۈزۈلمىسىچۇ؟، ئۇ زاكاتتىن ئىبارەتمۇ؟ قانداق ھالەتتە كىشىلەر مۇسۇلمان ياكى كاپىر دۆلەت تەرىپىدىن بېرىلىدىغان ياردەمگە ھەقلىق بولىدۇ؟ بۇ ھەقتە چۈشەنچە بېرىشىڭلارنى سورايمەن.

**تەپسىلى جاۋاپ**

بارلىق گۈزەل مەدھىيىلەر ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى بولغان ئاللاھ تائالاغا خاستۇر. پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ئاللاھنىڭ رەھمەت سالاملىرى بولسۇن.

قۇرئان ۋە سۈننەتتە ئىسلام ئىقتىسادى تۈزۈلمىسىنى تونۇشتۇرىدىغان ئايرىم دەلىل بايان قىلىنمىدى. بەلكى ئىسلام شەرىئىتى قۇرئان ـ ھەدىسكە ئاساسلىنىپ تۇرۇپ، مۇسۇلمان ھاياتىغا ئالاقىدار بولغان بارلىق نەرسىلەرنى بايان قىلىش بىلەن بىرگە، ئىقسادى تۈزۈلمىگە ئالاقىدار بولغان ئەھۋاللارنىمۇ بايان قىلدى.

ئىسلام ئىقتىسادى تۈزۈلمىسىنى مۇنداق تونۇتۇش مۇمكىن: ئىقتىسادنىڭ ئومۇمى ئاساسىنىڭ جۇغلانمىسى، قۇرئان ۋە سۈننەتتىن ئېلىنغان بولۇپ، ئىقتىسادى سىستېم مەزكۇر ئاساسقا قۇرىلىدۇ.

ياكى ئىسلام ئىقتىسادى تۈزۈلمىسىنى مۇنداق تونۇشتۇرساقمۇ بولىدۇ: ئۇ ئىقتىسادنى جانلاندۇرۇشقا يۈزلەندۈرۈلگەن سىستېم بولۇپ، مەزكۇر تۈزۈلمە ئىسلامنىڭ ئاساسى ۋە ئىقتىسادى سىياسىتىگە مۇۋاپىق تۈزىلىدۇ.

ئىسلام قانۇنى ئېلىپ كەلگەن ئومۇمى قائىدىلەردىن: ئىنساننىڭ خۇسۇسى ئىگىدارچىلىق ھەق ـ ھوقۇقى، باشقىلارنىڭ مال ـ مۈلكىگە تاجاۋۇز قىلىشنىڭ چەكلەنگەنلىكى، زېمىندىكى نەرسىلەردىن پايدىلىنىشنىڭ دۇرۇسلىقى، جازانىخورلۇق، قىمار ئويناش ۋە باشقىلارغا زۇلۇم قىلىشنىڭ چەكلەنگەنلىكى قاتارلىقلاردىن ئىبارەت.

بۇ ئاساسى قائىدىگە قۇرۇلىدىغان ئىقتىساد قۇرۇلمىسىنىڭ شەكىللىرىدىن: سودا ـ تىجارەت قىلىش، شېرىكچىلىك، بىرسى پۇل چىقىرىپ يەنە بىرسى كۈچ چىقىرىپ تىجارەت قىلىش، ئىجارە بېرىش، يېزا ئىگىلىك ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللىنىش ۋە تۈرلۈك شەكىلدىكى دۇرۇس بولغان پاي سېلىش سودىلىرى قاتارلىقلاردىن ئىبارەتتۇر.

زاكات دېگەن؛ پۇل ـ مالنىڭ ئىگىسىنىڭ قولىدىن چىقىپ باشقا بىر كىشىنىڭ قولىغا يۆتكىلىشى ۋە ئۇ كىشىنىڭ مەزكۇر مالدىن

پايدىلىنىشىدىن ئىبارەت بولۇپ، بۇنىڭ ھەممىسى قۇرئان-ھەدىستىن ئېلىنغان ئومۇمى قائىدىلەر بىلەن بېكىتىلگەن. زاكات بولسا ھەقىقەتتە ئىسلام ئىقتىسادى تۈزۈلمىسىنىڭ بىر پارچىسىدۇر. بۇنىڭدا زاكات بېرىلىدىغان ماللارنىڭ تۈرلىرى، بېرىلىدىغان زاكاتنىڭ مىقدارى، زاكات بېرىلىدىغان كىشىلەر ۋە زاكات سەرپ قىلىنىدىغان ئورۇنلاردىنئىبارەت ھەممىگە تونۇشلۇق، مەشھۇر بولغان خاس دەلىل بايان قىلىنغان. يەنە زاكات جەمئىيەتتە ئىجتىمائىي كاپالەتنى روياپقا چىقىرىدىغان ۋاستىلارنىڭ بىرىدۇر. ئىجتىمائىي كاپالەت ئىسلامدا پەقەت زاكات بىلەنلا چەكلەنمەيدۇ، بەلكى ئۇنىڭدىن باشقا سەدىقە، ۋەقپە، ئولجا-غەنىمەت ۋە مۇسۇلمانلار تەمىنلىنىدىغان دۆلەت خەزىنىسىدىن بېرىلىدىغان تەمىنات قاتارلىقلار بىلەنمۇ روياپقا چىقىدۇ.

ئىسلام جەمئىيەت ئۆزىنىڭ باي-كەمبەغەلدىن ئىبارەت بولغان ئەزالىرى بىلەن تۇرىدۇ، بايلارنى كەمبەغەللەرگە ياردەم قىلىشقا رىغبەتلەندۈرىدۇ، ئۇلارنىڭ ماللىرىدىن مەلۇم مىقداردا زاكات ئايرىشنى بېكىتىدۇ، شۇنىڭ بىلەن بۇ جەمئىيەتتىكى پېقىر-مىسكىنلەر، ھاجەتمەنلەر، ياشانغانلىق ۋە ياكى باشقا سەۋەبلەردىن خىزمەت قىلىش ئىقتىدارى بولمىغانلار، تۇل ئايال، يېتىم-يېسىرلەرنىڭ تۇرمۇشى كاپالەتكە ئىگە قىلىنىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئىسلام قانۇنى زاكاتنى پەرز قىلدى ۋە ئۇنى ئىسلام ئاساسلىرىدىن بىرى قىلىپ بېكىتتى. كىشىلەرنى سەدىقە قىلىش، ۋەقپە قىلىش ۋە ۋەسىيەت قىلىشقا رىغبەتلەندۈردى. پېقىرلارنى زاكات، كاپارەت يەنى زىھارنىڭ (ئايالىنى ياكى ئايالىنىڭ ئەزالىرىنى ئانىسى ياكى نىكاھ چۈشمەيدىغان مەھرەم تۇغقانلىرىغا ئوخشۇتۇشنىڭ جازاسى)، قەسەم ۋە روزىنىڭ كاپارىتىگە ئوخشاش، پىديە (يەنى ھەجدە سادىر بولغان خاتالىقلارنىڭ جازاسى) سەرپ قىلىنىدىغان ئورۇنلاردىن قىلدى. مانا بۇ ئارقىلىق مۇسۇلمانلار ئارىسىدا كەمبەغەللەر دائىرىسىنىڭ تارىيىشى روياپقا چىقىدۇ.

ئىنسان خىزمەت قىلىش ۋە ھۈنەر-كەسىپ قىلىشتىن ئاجىز كەلگەندە، ئۇ كىشىگە ئاتا-ئانىسى ياكى ئۇرۇغ-تۇغقانلىرى ياردەم قىلمىغاندا، ئۇ كىشى ئىسلام دۆلىتى تەرىپىدىن يارەم بېرىلىشكە لايىق بولىدۇ. ھۈنەر-كەسىپ قىلالماسلىق يىشىنىڭ كىچىكلىكى ياكى كېسەللىك ياكى ياشىنىپ قالغانلىق سەۋەبىدىن بولىدۇ.

بەزى ئىسلام دۆلەتلىرى تۈرلۈك ئۆلچەملەرگە مۇۋاپىقلاشتۇرۇپ شۇنداق كىشىلەرگە ياردەم بېرىش تۈزۈمىنى يولغا قويدى. يەنى بۇ ياشانغانلارغا خىزمەتتىن توختاپ دەم ئېلىشكە چىققاندا ئايلىق مائاش بېرىش، ئاتا-ئانىسى ئۆلۈپ كېتىپ يېتىم قالغان باللارغا بالاغەتكە يەتكۈچە تۇرمۇش يارەم پۇلى بېرىش قاتارلىقلاردىن ئىبارەت. (گەرچە يېتىملارنىڭ ئايرىم ئىقتىسادى بولسىمۇ ئۇلارغا بالاغەتكە يەتكىچە تۇرمۇش ياردەم پۇلى بېرىلىدۇ).

ئىسلام دۆلەتلىرى بولمىغان باشقا دۆلەتلەرنىڭ ئىجتىمائىي كاپالەت ياردەم ئىشلىرىنى بېكىتىدىغان ئۆزىگە خاس بولغان ئۆلچەم-تۈزۈملىرى بولىدۇ. مۇسۇلمان كىشى ئىمكانىيىتى بولسا ئۆز قولى بىلەن كەسىپ قىلىپ ھالال ياشاپ باشقىلاردىن بىرنەسە تەلەپ قىلىدىغان ئەمەس بەلكى باشقىلارغا بىر نەرسە بېرىدىغان ھالەتتە ياشىشى لازىم. ئەگەر مۇمكىن بولسا كاپىر دۆلەتلەردىن ياردەم تەلەپ قىلماسلىق كېرەك. پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: سەدىقىنىڭ ئەڭ ئەۋزىلى ئۆز بايلىقىدىن چىقىرىشتۇر، ئۈستۈن قول تۆۋەن قولدىن ياخشىدۇر، سەدىقىنى ئۆز يېقىنلىرىڭدىن باشلىغىن. ئۈستۈن قول سەدىقە بەرگۈچى،

تۆۋەن قول سەدىقە سورىغۇچىدۇر. [بۇخارى رىۋايىتى 5040-ھەدىس. مۇسلىم رىۋايىتى 1034-ھەدىس].

ھەممىدىن ياخشى بىلگۈچى ئاللاھ تائالادۇر.